«1 - ماي»دىكى ياخشى پەيتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ھەرقايسى جايلار ئىستېمال بېلىتى تارقاتتى، ئېتىبار سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرىنى ئېلان قىلدى ——

ئەمەلىي تەدبىرلەر ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈردى   ساياھەتچىلەر ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاك، رېن جياڭ** خەۋەر قىلدۇ: «بۇرچىن ناھىيەسىدە سېيلە - ساياھەت قىلىپ، ياتاقتا ياتقاندا ئىستېمال بېلىتىنى ئىشلەتسە ناھايىتى ئەرزان توختايدىكەن.» 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئۈرۈمچىلىك ساياھەتچى لى خۇا بۇرچىن ناھىيەسىگە ساياھەتكە كېلىپ، مېھمانخانىنىڭ ياتاق ھەققىنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بۇرچىن ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتى تارقاتقاندىن سىرت، يەنە مېھمانسارايدا ياتاقتا يېتىش ئالاھىدە باھالىق ياتاقى، بىر باھادا سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ئېتىبار پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى، ياردەم تولۇقلىمىسى ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليون يۈەنگە يەتتى.

پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالدىنقى شەرتىدە، «شىنجاڭنى سۆيۈش . يۇرتنى ساياھەت قىلىش» شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى چۆرىدەپ، ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش، ساياھەتتە ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويۇش، ساياھەتتە مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى ئېلان قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ساياھەتچىلەرنى دەم ئېلىشتىن خۇشال - خۇرام بەھرىمەن قىلىپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەت ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاتتى.

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قاناس مەنزىرە رايونىدىكى ساياھەتچىلەر مۇقىم ئاشتى. بۇ مەنزىرە رايونى توردا ئارىلىق ئاپتوموبىلى، بېلىق تاماشا قىلىش سۈپىسى، ساياھەت كېمىسى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ساياھەت ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتىنى تارقاتتى. ئالتاي ۋىلايىتى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ئالتايغا كەلگەن ساياھەتچىلەرگە جەمئىي 10 مىليون يۈەن ماي قاچىلاش بېلىتى، 2500 پارچە مەنزىرە رايونى ھەقسىز ياتاق بېلىتى تارقىتىپ، باشقا جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنى ئالتايغا ساياھەت قىلىشقا تەشكىللىگەن ساياھەت كوپېراتىپلىرى ۋە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلغان ئاپتوموبىل ئەترەتلىرىگە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىپ مۇكاپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەنزىرە رايونىنىڭ ئىشىك بېلىتىنى سوۋغا قىلىش، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ 5A مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلىش، 99 يۈەن بىلەن يۇرتنى ساياھەت قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى يولغا قويدى، مۆلچەرلىنىشچە ياردەم تولۇقلىما سوممىسى 200 مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن.

ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، ساياھەتچىلەر تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ بېلەت سېتىش كۆزنىكىدىن 500 يۈەن قىممىتىدىكى «بوغدا كۆلى يىللىق كارتىسى»نى سېتىۋالسا ھەم قوزغاتسا، 200 يۈەن ئىستېمال ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشەلەيدۇ. بۇ مەنزىرە رايونى يەنە داۋالاش خىزمەتچىلىرى، فۇكاڭ شەھەر ئاھالىلىرىگە ئېتىبار بېرىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىككى قارارغا بۆلۈپ پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ 220 مىليون يۈەنلىك مەدەنىيەت ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىدىغان بولۇپ، ساياھەتچىلەر بېلەتكە ئاساسەن بەلگىلەنگەن تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى، جامبۇلاق مەنزىرە رايونى قاتارلىق 13 مەنزىرە رايونى، 39 يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانساراي، 36 ئۈچ يۇلتۇزدىن يۇقىرى دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشىك بېلىتى، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىستېمال ئېتىباردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول مەدەنىيەت ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، پائالىيەت ئارقىلىق ئاۋاتلىشىشقا تۈرتكە بولدى.

يېقىنقى مەزگىلدە، سانجى ئوبلاستى ئالتە چوڭ تۈردىكى 32 تۈرلۈك مەدەنىيەت ساياھەت پائالىيىتىنى يولغا قويدى، بۇ، «گۈل ھىدى تىنجوۋغا تارقىلىش» يۈرۈشلۈك پائالىيىتى، «لەگلەك ئۇسۇلى كۆك ئاسمان ئارزۇسى» لەگلەك بايرىمى يۈرۈشلۈك پائالىيىتى، «شىنجاڭنى سۆيۈش. يۇرتنى ساياھەت قىلىش» ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ تيانشاننى ساياھەت قىلىش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى قاتارلىقلار؛ تۇرپان شەھىرى ئۈزۈم ئۈزۈش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ يولغا قويغان يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەر؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى يولغا قويغان جىلغا، سۇلۇق يەرنى ساياھەت قىلىش، دالىدا قونۇش - پىيادە مېڭىش، بۆلجۈرگەن ئۈزۈش، كۆتۈنۈش ئارشىغى قاتارلىق تۈرلەر؛ خوتەن ۋىلايىتى يولغا قويغان كۆپ خىل «خوتەندىكلەر خوتەننى ساياھەت قىلىش» ساياھەت لىنىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەت كارخانىلىرىمۇ شىنجاڭ ئىچى ساياھىتى ئېتىبارلىق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى. شىنجاڭ قارلەيلىسى خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئىچىدىكى ساياھەت بازارلىرىغا قارىتا، يېقىن شەھەر ئەتراپىدىكى قىسقا مۇساپىلىك ساياھەتنى ئاچتى. ««1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بىز جامبۇلاق مەنزىرە رايونى بىر كۈنلۈك ساياھىتىنى يولغا قويدۇق، ھازىرغىچە 600دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالدۇق» دېدى بۇ ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ باش دىرېكتورى ۋاڭ ئەيشيا.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر خوۋ خەنمىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە بەل قويۇۋەتمەسلىك، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا بوشاشماسلىق، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا تەۋرەنمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، خەۋپ ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، خىرىسنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق ئامىلغا ئايلاندۇرۇپ، ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلدۇ، ھەم ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش چىرايلىق جېڭىنى ھەققىي ياخشى قىلدۇ.

ھەرىكەت قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇش بايرامدىكى مودىغا ئايلاندى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جيا جۈنشيا

«1 - ماي» بايراملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، باغچىدا، مەھەللىدە، ھەممىلا جايدا چېنىقىش ھەۋەسكارلىرىنىڭ سىيماسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھەرىكەت قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇپ دەم ئېلىش ئۆتكۈزۈش تەدرىجىي ھالدا بايرامدىكى يېڭى مودىغا ئايلاندى.

«بۇ دەم ئېلىشنى بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيىدە ئۆتكۈزدۈم.» 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بەدەن چېنىقتۇرۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەر ئاھالىسى جاڭ شىنشېڭنىڭ بىر تەرەپتىن تەرىنى سۈرتكەچ، بىر تەرەپتىن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، 57 ياشقا كىرگەن ئۇنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقىنىغا 20 يىل بولاي دەپتۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپتۇ، ھەپتىدە ئۈچ - تۆت قېتىم چېنىقىدىكەن.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 26 ياشلىق چې جياۋياڭ تىڭشىغۇچ تاقاپ ئاستا يۈگۈرۈشنى تاللىدى. «ئادەتتە خىزمەت ئالدىراش، بېسىم ئېغىر، بەدەن چېنىقتۇرۇش نوقۇل فىزىيولوگىيە جەھەتتىكى چېنىقىش بولماي، ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا پسىخىكىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئازادىلىك ھېس قىلغىلى بولىدۇ» دېدى چې جياۋياڭ.

45 ياشلىق ۋاڭ خەيتاۋ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر شىركەتنىڭ خىزمەتچىسى، مۇخبىر ئۇنى ئۇچراتقاندا، ئۇ توپچى دوستلىرى بىلەن پەي توپ ئويناۋاتاتتى. «ھاياتلىقتىكى قىران مەزگىل دەل ھەرىكەت قىلىدىغان ياخشى مەزگىل. بايراملىق دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ، ھەرىكەت قىلىپ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتۇپ، جىسمانىي ۋە روھىي ھالەتنى تەڭشىسە، خىزمەت قىلغاندا تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ» دېدى ئۇ.

دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى باغچىلاردا، گۈل - گىياھلارنىڭ خۇش ھىدىغا جور بولۇپ، ئاستا يۈگۈرۈۋاتقان، تىكتاك توپ ئويناۋاتقان، تەيجى گۇڭفۇسى مەشىق قىلىۋاتقان، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىدە چېنىقىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، كىشىلەر ھەرىكەت قىلىپ بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن ئىستىراھەت دەم ئېلىشنىڭ ئىككىلىسىنى قولدىن بەرمەي، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى تۇرمۇشنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدى.

شياۋلۇگوۋ باغچىسىدا ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر كېلىدىغان پىيادە مېڭىش يولى بولۇپ، بايراملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بۇ يەر دەم ئېلىش، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا كەلگەن نۇرغۇن كىشىنى جەلپ قىلدى. 68 ياشلىق شەھەر ئاھالىسى جوۋ يىفۇ پىيادە مېڭىش ھەۋەسكارى بولۇپ، 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ يەرگە كېلىپ پىيادە ماڭدى. «شياۋلۇگوۋ باغچىسىدا رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بولۇپ، سۈرەتتىكىدەكلا گۈزەل. بۇ يەردە پىيادە ماڭسا، يەنە يول بويىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، ناھايىتى خۇشال كەيپىياتقا چۆمىدىكەنمىز.» جوۋ يىفۇ مۇنداق دېدى: باللارنىڭ ئادەتتە خىزمىتى ئالدىراش، بايراملىق دەم ئېلىشتا بىر ئائىلە كىشىلىرى چىقىپ پىيادە ماڭساق، ھەرىكەت قىلىش بىلەن بىللە، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنالايمىز.

يېشى 60 تىن ئاشقان شەھەر ئاھالىسى لى شياڭخې كۈندە خەلق باغچىسىدىكى جيەنخۇ بويىدا تەيجى قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىدۇ. «بۇ يەردە قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىپلا قالماي، يەنە گۈزەل مۇھىتتىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ، يەنە ئۆزىمىزنىڭ تەن ساپايىمىزنى ئۆستۈرەلەيمىز، مەقسەت ۋە نىشانى ئوخشاش قىلىچۋاز دوستلار بىلەن تونۇشۇپ، بىر چالمىدا نەچچە پاختەك سوققىلى بولىدۇ» دېدى ئۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

1200 كۋادرات مېتىرلىق ئۆلچەملەشكەن كالا باقمىچىلىق بازىسى قۇردى، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىنىڭ نەسىل كىرگۈزۈش، بېقىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىرتۇتاش باشقۇرۇشى ئارقىلىق باقمىچىلىق تەننەرخى ۋە بازار خەۋپ - خەتىرى تۆۋەنلىتىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ غەم - ئەندىشىسى ھەل قىلىندى.

ھازىر، تۆۋەن كىرىملىك 31 ئائىلە 56 سۈت كالىسىنى بازىدا ھاۋالىلىك بېقىشقا بەردى. نامرات ئاھالە ئەخمەت مەمەت ئۆزىنىڭ ئۈچ سۈت كالىسىنى بازىغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن، ھەر يىلى 4200 يۈەن پايدا تەقسىم قىلىنىدىغان بولدى. «بۇلتۇر ئەر - خوتۇن ئىككىمىز سىرتتا ئىشلەمچىلىك قىلدۇق، ‹كالىنى ھاۋالىلىك بېقىش ئورنى› ھەققەتەن بىزنىڭ ئائىلىگە ياردەم بېرىپ چوڭ مەسىلىمىزنى ھەل قىلدى» دېدى ئەخمەت.

كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئالتۇن چايقاش

«ئىلگىرى دېھقانچىلىق قىلاتتۇق، يىلدا ھېچقانچە پۇل تاپالمايتتۇق. ھازىر ئىشىك ئالدىمىزدا پانۇس ياساپ، بىر كۈندە 100 يۈەنگە يېقىن پۇل تاپالايمىز.» 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى كەنت ئاھالىسى جەملەم نىياز قولىدىكى پانۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خۇشال ھالدا.

«كەنت ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، جەزمەن يېتەكچى كەسىپ بولۇشى كېرەك.» ليۇ گاڭ مۇنداق دېدى: 2018 - يىلى خىزمەت ئەترىتى مەبلەغ غەملەپ، پانۇس ياساش كارخانىسىدىن بىرنى كىرگۈزۈپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى قورۇسىدا 300 كۋادرات مېتىرلىق پانۇس زاۋۇتى قۇرۇپ، ماتېرىيال كىرگۈزۈپ پىششىقلىدى، كەنت ئاھالىلىرى سانىغا قاراپ پىششىقلاش ھەققى ئالدى، ھازىر پانۇس زاۋۇتى 19 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى.

«پىششىقلاش ھەققىگىلا تايانسا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشى يەنىلا سەل ئاستا بولۇپ قالىدۇ!» دەپ ئويلىدى ليۇ گاڭ. كېيىن ئۇ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن يەنە پانۇس سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، پانۇس زاۋۇتنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپلا قالماي، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنىمۇ قوزغىدى. ھازىر، پانۇسنىڭ سېتىلىش كىرىمى سىجىل ئېشىپ، نامرات كەنت ئاھالىلىرىگە مۇقىم كىرىم ئاشۇرۇش يولى ئېچىپ بەردى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇش

«كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ۋە سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشمۇ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى.» ليۇ گاڭ مۇنداق دېدى: بىرەر ئارتۇقچىلىقى بار كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش، ياردەم بېرىش ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتى 300 مىڭ يۈەن تۈر مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئىگىلىك تىكلەش كوچىسى قۇردى.

تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىدىكى كەنت ئاھالىسى زۇلپىيە ئىدرىس ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە ئاشخانىدا ئىشلەپ باققانىدى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىگىلىك تىكلەش كوچىسىدا ئاشخانا ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى. 2019 - يىلى زۇلپىيەنىڭ ئاشخانىسى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، سودىسى ئىزچىل ناھايىتى قىزىپ كەتتى. ھازىر، ئۇ تېخىمۇ چوڭ بىر دۇكاننى ھۆددىگە ئالدى.

كەنت ئاھالىسى پەرھات دۆلەت ئۇستا سامسىپەز بولۇپ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش كوچىسىدا سامسىخانا ئاچتى، تىجارەت باشلىغان كۈنىلا 400دىن ئارتۇق سامسا ساتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، خىزمەت ئەترىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى كارخانا، ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، كەنت ئاھالىلىرىگە مۇۋاپىق ئىش ئورنى تونۇشتۇردى. ھازىرغىچە، كەنتتە 86 كىشى ئۆيىدىن چىقىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى ھەم مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى.

ئاپتونوم رايونىمىز 26 ئورۇنغا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى (لاگېرى) دەپ نام بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالىشى ۋە ئۇنىۋېرسال باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 26 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى، لاگېرى دەپ نام بېرىلگەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، قاراماي قاراماي تېغى نېفىت گېئولوگىيە مەنزىرە رايونى، كۆكتوقاي دۇنيا گېئولوگىيە باغچىسى، كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى خاتىرە سارىيى، قۇربان تۇلۇم خاتىرە سارىيى قاتارلىق 23 ئورۇنغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت بازىسى، كورلا شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت بازىسى، غۇلجا شەھەرلىك ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت بازىسىغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى لاگېرى دەپ نام بېرىلدى.

ئىگىلىنىشچە، 2018 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قاتارلىق 11 تارماق بىرلىكتە بېسىپ تارقاتقان «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»دە، ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرىنى مەكتەپنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنىۋېرسال ئەمەلىيەت پائالىيىتى دەرسلىكى بىلەن بىرتۇتاش پىلانلاشنى ئويلىشىپ، تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى بىلەن مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەمەلىيەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى (لاگېرى) ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ خاراكتېرى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ؛ ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى (لاگېرى)غا بولغان كۈندىلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش، ئەمەلىيەت، تۇرمۇش، سەپەرگە چىقىش، ياتاق - تاماق قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە تەتقىقات - ئۆگىنىش سەپىرى ئەمەلىيەت تەربىيەسى بازىسى(لاگېرى)نى ھەرىكەتچان باشقۇرۇپ، ئالاقىدار تەلەپكە يەتمىگەنلىرىنىڭ ۋىۋسكىسنى ئېلىۋېتىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالاتاۋ پورتىدا 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇنجى قېتىم چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئېكسپورت كەسپى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ھازىرغىچە، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 780.12 توننا بولغان جەمئىي 50 مىڭدىن ئارتۇق پوچتا پوسۇلكىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىرىلدى.

«نۆۋەتتە، چېگرادىن كىرىدىغان - چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا ئىككى يېڭى ئالاھىدىلىك نامايان بولدى، بىرىنچىدىن، پۈتۈن يەر شارىدىكى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەسلىدە ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىرىلىدىغان قىسمەن پوچتا يوللانمىلىرى نۆۋەتچى پويىزغا قاچىلىنىپ چېگرادىن چىقىرىلىدىغان بولدى؛ ئىككىنچىدىن، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا توشۇشنىڭ مۇقىملىقى ۋە ۋاقىتچانلىقى ئۇنىڭ خەلقئارا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىكى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى بارغانسېرى گەۋدىلەندۈردى. بۇمۇ جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى، توشۇش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەب» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى پورت نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى گۇەن يۇڭ.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تېخىمۇ تېز قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان 12 تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەشغۇلات تەرتىپىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، تاموژنىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشى بىلەن تۆمۈريول مەشغۇلاتىنىڭ يوچۇقسىز جىپسىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىنى داۋاملىق ئاددىيلاشتۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتۈش ۋاقتى ۋە تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئۈرۈمچى تاموژنىسى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ كەسىپ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى نۇقتىلىق قوللاپ، كۆپ خىل ئۇسۇلدا بىرلەشمە توشۇش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگو - قازاقىستان «تاموژنا - تۆمۈريول تاموژنىدىن ئۆتۈش» (تاموژنا — تۆمۈريول تىجارەتچى سودىگەرلىرى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە تاموژنىدىن تېز ئۆتكۈزۈشكە تۈرتكە بولۇش ھەمراھلىق ھەمكارلىقى پىلانى) تۈرىنى تورغا چىقىرىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى، كۆپ تەرەپلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، تۈزۈم خاراكتېرلىك سودا تەننەرخىنى داۋاملىق تۆۋەنلىتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ غەربىي يۆنىلىش يولىدىكى سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى پىلانلىدى.

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى لىنىيەسىدىن 12سى، قورغاس تۆمۈريول پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقىدىغان نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسىدىن 16سى بار.